# كاپىرلارنىڭ بايراملىرىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشنىڭ هاراملىقى توغرىسىدا

# تحريم الاحتفال بأعياد الكفار

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >


## پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد



**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

## كاپىرلارنىڭ بايراملىرىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشىنىڭ هاراملىقى توغرىسىدا

12777-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

غەيرى دىندىكىلەرنىڭ يېڭى يىل بايرىمى دېگەندەك بايراملىرىغا ئىشتىراك قىلىسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا قاتنىششى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خوشاللىقنى ئىزھار قىلىشى، دىنى ۋە دۇنيالىق ئەمەللىرىنى قويۇپ دەم ئېلىشى توغرا بولمايدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەن ئىشلاردا ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە ئوخشاپ قالغانلىق ۋە ئۇلارنىڭ باتىل ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «كىمكى غەيرى دىندىكى كىشىلەرگە ئوخشىۋالىدىكەن ئۇ كىشى ئاشۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ ۖ وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۖ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقدۇر. » [سۈرە مائىدە 2-ئايەت].

بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىز سىزنى ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ: "توغرا يولغا ئەگىشىش" ناملىق ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. چۈنكى ئۇ كىتاب بۇ توغرىدا ئەڭ ياخشى يېزىلغان كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

جانابى ئاللاھ ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابى-كىراملارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن. [ئىلمى تەتقىقات، پەتىۋا كومىتېتى پەتىۋاسى 2540-نومۇرلۇق پەتىۋا].